# 23294 ـ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇغۇل ۋە قىزلىرىنىڭ سانى توغرىسىدا

**سۇئال**

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قانچە قىزى بولغان ۋە قايسى ئايالىدىن بولغان؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇل ۋە قىزلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى قاسىم ئىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بىلەن كۈنيەتلەنگەن (يەنى ئەبەلقاسىم دېيىلگەن)، كىچىك ۋاپات بولۇپ كەتكەن، بەزىلەر ئۇلاغقا مىنگۈدەك بولۇپ نەجىيبە دېگەن يەرگە بارغان دېگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن زەينەپ، بەزىلەر قاسىمدىن زەينەپ چوڭ دېگەن، ئاندىن رۇقەييە، ئۇممۇ كۈلسۇم، پاتىمە، بەزىلەر قىزلارنىڭ ھەر بىرى يەنە بىرىدىن بىر ياشتىن چوڭ ئىدى دېگەن، ئىبنى ئاببار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: ئۈچ قىزنىڭ چوڭى رۇقەييە، ئەڭ كىچىكى ئۇممۇ كۈلسۇم دېگەنلىك زىكىر قىلىنغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلى ئابدۇللاھ تۇغۇلغان، بۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇن تۇغۇلغانمۇ ياكى كېيىن تۇغۇلغانمۇ دېگەن پەرقلىق قاراش بار، بەزىلەر توغرا قاراشتا ئۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن تۇغۇلغان دېيىلگەن، بۇ يەنى ئابدۇللاھ دېگەن تەييىب ۋە تاھىر دېگەن پەرزەنتلەرنىڭ ئۆزىمۇ ياكى باشقىسىمۇ بۇ توغرىدا ئىككى خىل قاراش بار، توغرا قاراشتا بۇ ئىككىسى ئابدۇللاھنىڭ لەقىمى دېيىلگەن. بۇنىڭدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر. ئاشۇ پەرزەنتلەرنىڭ ھەممىسى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن دۇنياغا كەلگەن، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن باشقا ئاياللىرىدىن پەرزەنتلىك بولمىغان، ھىجرىيىنىڭ سەككىزىنچى يىلى قىبتىيلىق مارىيە دېگەن كېنىزىكىدىن ئىبراھىم دەپ ئات قويغان ئوغلى دۇنياغا كەلگەن. [زادىل مىئاد 1-توم 103-بەت].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبراھىمدىن باشقا ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ ھەممىسى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن دۇنيا كەلگەن، لېكىن ئىبراھىم دەپ ئات قويغان ئوغلى قىبتىيلارنىڭ كاتتىسى ۋە ئىسكەندىرىيەنىڭ پادشاھى مۇقەۋقىس پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا سوغات قىلغان قىبتىيلىق مارىيە دېگەن كېنىزىكىدىن دۇنياغا كەلگەن، توغرا قاراشقا كۆرە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچ ئوغۇل ۋە تۆت قىز جەمئى يەتتە ئەۋلادى بولغان، ئوغۇللىرى:

1- قاسىم. 2-ئابدۇللاھ. 3-ئىبراھىم.

قىزلىرى: 1-زەينەپ. 2- رۇقەييە. 3-ئۇممۇ كۈلسۇم. 4- پاتىمە.

پەيغەمبەرئەلەيھسسالامنىڭ پاتىمەدىن باشقا ئەۋلادلىرىنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەرئەلەيھسسالام ھايات ۋاقتىدا دۇنيادىن كەتكەن، پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بولسا پەيغەمبەرئەلەيھسسالامدىن ئالتە ئاي كېيىن دۇنيادىن كەتكەن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.